# 3474 - پروبىركىدا بالا يېتىشتۈرۈشنىڭ ھۆكمى

## سوئال

پروبىركا ئارقىلىق بالا يېتىشتۈرۈشنىڭ ھۆكمى نېمە؟، بۇ ھەقتە تەپسىلى چۈشەنچە بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز

## تەپسىلى جاۋاپ

ھەمدۇ-سانالار ئاللاھقا خاستۇر.

بۇ مەسىلە ئىسلامى فىقھى كومىتېتىگۇرۇپپىسى(مەجمەئ ئەل-فىقھ ئەل-ئىسلامي) تەرىپىدىن تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىدەك نەتىجىنى بايان قىلدى:

بىرىنچى: تۆۋەندىكى بەش خىل ئەھۋالئاستىدا پروبىركىدا بالا يېتىشتۈرۈش شەرئىەتتە چەكلەنگەن بولۇپ، بۇ ئۇسۇللارنىڭ ئۆزى ھارام بولۇشبىرگە،ئۇ ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلگەننەتىجە ئېتىبارى بىلەن، نەسەبنىڭ ئارىلىششىشى، بالىنىڭ ئاتىسى ياكى ئانىسىنىڭ كىملىكىنى بىلگىلى بولماسلىقتەك، شەرئىەتتەچەكلىمە قويۇلغان ئىشلار تۈپەيلى ھارام دەپ ھۆكۈم چىقىرىلدى.

1-ئەردىن ئېلىنغان ئىسپېرما بىلەن ئۆز ئايالى بولمىغان باشقا ئايالدىن ئېلىنغان تۇخۇمنى ئۇرۇقلاندۇرۇپ، ئۆز ئايالىنىڭ بالىياتقۇسىدا يېتىلدۈرۈش.

2-يات بىر ئەرنىڭ ئىسپېرمىسى بىلەن ئۆز ئايالىنىڭ تۇخۇمنى ئۇرۇقلاندۇرۇپ، ئايالىنىڭ بالىياتقۇسىدا يېتىلدۈرۈش.

3-ئەرنىڭ ئىسپېرمىسى بىلەن ئايالىنىڭ تۇخۇمى بەدەن سىرتىدا ئۇرۇقلاندۇرۇلۇپ(ئەر-ئايالىنىڭ)، چاكلاشتۇرۇلغان مەزكۇر سۇيۇقلۇقنى باشقا بىر ئايالنىڭ (يەنى يات ئايالنىڭ) بالىياتقۇسىدا يېتىلدۈرۈش.

4-باشقا بىر ئەرنىڭ ئىسپېرمىسى بىلەن باشقا بىر ئايالنىڭ تۇخۇمنى ئۆز ئايالىنىڭ بالىياتقۇسىدا يېتىلدۈرۈش.

5-ئەرنىڭ ئىسپېرمىسى بىلەن بىر ئايالنىڭ تۇخۇمنى بەدەن سىرتىدا ئۇرۇقلاندۇرۇپ، ئىككىنچى ئايالنىڭ بالىياتقۇسىدا يېتىلدۈرۈش.

ئىككىنچى:پروبىركىدا بالا يېتىلدۈرۈشكەزۆرۈر ئېھتىياج بولغاندا، تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئەھۋالئاستىدا شەرئىەتكە كۆرە خاتا بولمايدۇ:

1-ئېرىنىڭ ئىسپېرمىسى بىلەن ئايالنىڭ تۇخۇمى بەدەن سىرتىدا ئۇرۇقلاندۇرۇلۇپ، -ئاندىن كېيىن ئايالنىڭ بالىياتقۇسىدا يېتىلدۈرۈش.

2-ئەرنىڭ ئىسپېرمىسىنى ئېلىپ،ئۆز ئايالنىڭ بالىياتقۇ ئاغزىدىكى مۇناسىپ ئورۇندا ئۇرۇقلاندۇرۇشىياكى ئايالنىڭ بالىياتقۇسى ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق تۆرەلمىنى يېتىلدۈرۈش.

يۇقىرىدىكى جايىز دەپ قارالغان مەزكۇر ئىككى خىل ئۇسۇلنى قوللىنىپ بالا ئېلىشتائېتىبارغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان مەسىلە، ئايالنىڭ ئېغىر ئەۋرەتلىرىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئېچىشقا مەجبۇر بولىشى ۋە زۆرۈرىيەتسىز ئەھۋالدا بەدەن ئەزالىرىنى باشقىلارغا ئېچىپ قېلىش مۇمكىنلىقى، لابوراتورىيىدە خاتالىق كۆرۈلۈش ئېھتىماللىقى، بەزى دوختۇرخانىلاردىكى كەسپى ئەخلاقىقا ئىگە ئەمەس دوختۇرلار، ئامانەتكە خىيانەت قىلىپ، پۇل تېپىشنى كۆزدە تۇتۇش بىلەن بىرگە، نەتىجىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئۈچۈن ئىسپېرما ياكى تۇخۇمنى ئالماشتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشۇ خىل ئەھۋاللارغا قارىتا ئىنتايىن ئىنچىكە ۋە سەزگۈر پوزىتسىيىدە بولۇشلىرى لازىم.

ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.